## 93793 ـ پاكلىق كۈنلىرىدە قان تامچىسىنى كۆرسە روزا تۇتامدۇ؟

### سۇئال

هاجەت ئادا قىلغىلى هاجەتخانىغا كىرگەندە قان تامچىسىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن هەيز كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن دەيدىغان شەك پەيدا بولدى، مەن نامازنى ئوقۇپ، روزا تۇتىۋېرەمەنمۇ ياكى قانداق قىلىمەن؟، بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسپاتلىنىشچە بىر تامچە قان كېلىش بىلەن هەيزدار هېسابلانمايدۇ، بۇنداق هالەت ناماز، روزىدىن چەكلەپ قويمايدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن بىركىشى: ئاياﻝ كىشىدىن رامىزاندا تامچە قان كەلسە بۇ ئىش رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋاملاشسا، ئۇ ئاياﻝ روزا تۇتىۋەرەمدۇ، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ تامچىلىغىنى هەيز بولماستىن بەلكى تومۇردىن كەلگەن قاندۇر. [مۇسۇلمان ئايالالار پەتىۋاسى 1-توم 137- بەت].

شەيخ يەنە مۇنداق دېگەن: ئىسلامنىڭ ئومۇمى پرىنسىپىدا: ئاياﻝ كىشى هەيزدىن ۋە نىپاستىن پاك بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلسا، يەنى هەيز-نىپاس ئاخىرلىشىپ ئاق نەرسە كەلسە بۇنى ئايالالار ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇغ ياكى ساغۇچ رەڭ ياكى قان تامچىسى ياكى نەملىك قاتارلىق نەرسىلەر كەلسە، بۇ هەيز هېسابلانمايدۇ هەم ناماز-روزىدىن، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتىنچەكلەپ قويمايدۇ. هەيز توغرىسىدىكى 60 سۇئال" ناملىق ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ هەممىدىن ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

[تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى].